# چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىشەنچىنى سىجىل كۈچەيتىش

## —— تۈنجى پەسىللىك جۇڭگو ئىقتىسادىنى كۆزىتىش —— تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش

### جۇڭگو ئىقتىسادىنى يېڭىدىن كۆزىتىش

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى چېن ۋېيۋېي، دىڭ لې، جۇۋ زىياڭ

جۇڭگو بېيجىڭ، خۇيجوۋ، ئامېرىكا داللاس، ئۈچ جاي 5G سىندا كۆرۈشۈش ئارقىلىق «بۇلۇت ئىش باشلاش»نى جاكارلىدى… نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلگەن بىر مەيدان ئالاھىدە مەزگىلدىكى ئالاھىدە ئىش باشلاش مۇراسىمى 10 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىنغان ئېكسون موبىل خۇيجوۋ ئېتىلېن تۈرىدە رەسمىي ئىش باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

بۇ، ئامېرىكا كارخانىسىنىڭ جۇڭگودا مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تۇنجى مۇھىم، زور نېفت خىمىيە تۈرى. نېفت باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن تۆۋەنلىشى، بازارنىڭ كاساتلىششى ئالدىدا، ئېكسون موبىل 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا چىقىمنى زور دەرىجىدە ئازايتىش ھەم بىر قىسىم مەبلەغ سېلىش قارارى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى كېيىنگە سۈرۈشنى جاكارلىدى، بىراق ئۇ جۇڭگوغا داۋاملىق مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ.

«تۈر سېلىنمىسىنىڭ كۆلىمى زور، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، شىركەتكە نىسبەتەن ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، ئىككى تەرەپكە نىسبەتەن ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈلۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىنىدۇ» دېدى ئېكسون موبىل(جۇڭگو) مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ۋەن لىفەن.

يۇقۇمنىڭ زەربىسى ئالدىدا، دۆلىتىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت ئىچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈردى. بىر قاتار تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، جۇڭگودىكى تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تېزلىتىلدى، چوڭ تۈر قۇرۇلۇشلىرى پۇختا قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلدى.

سودا مىنىستىرلىقىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 8700دىن ئارتۇق نۇقتىلىق تاشقى مەبلەغ كارخانىسىنى تەكشۈرۈشىدە كۆرسىتىلىشىچە، 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 70%تىن ئاشقان كارخانا 72.8%نى ئىگىلىگەن.

«تاشقى مەبلەغنىڭ ئاساسىي ھالىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگودىكى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتى تەدرىجىي نورماللىشىشقا يۈزلەندى، زاكازنىڭ تاماملىنىش ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىشەنچى تەدرىجىي ئاشتى.» دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى يۈەن دا مۇنداق دېدى: بىرتۈركۈم تاشقى مەبلەغ يېڭى تۈرلىرىنىڭ پات ئاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكى دۆلىتىمىزنىڭ سېلىنما مۇھىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە مۇستەھكەملىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىراق دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، چېگرا سىرتىدىكى يۇقۇم داۋاملىق ياماراپ، دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى مەبلەغنى جەلپ قىلىش ھەمدە تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە يېڭى خىرىس ئېلىپ كەلدى.

سودا مىنىستىرلىقى تاشقى مەبلەغ مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى زۇڭ چاڭچىڭ مۇنداق تەھلىل قىلدى: چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، تېخنىك خادىملارنىڭ چېگرادىن چىقىپ جۇڭگوغا كېلىشى تېخىمۇ كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرىدى؛ ياۋروپا، ئامېرىكىنىڭ كۆپ جايلىرىدىكى پورتلار تاقالدى، ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىدە ئۈچۈش توختىتىلدى، ھاۋا ترانسپورت كۈچى قىسقارتىلدى، خىراجەت زور دەرىجىدە ئاشتى؛ ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە، كورېيەدە نۇرغۇن جايلاردىكى زاۋۇتلار توختاپ قالدى، تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرى ئېھتىياجلىق بىر قىسىم يۇقىرى تېخنىكا ئارىلىق زاپچاسلىرى، يېڭى ماتېرىياللارنىڭ تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قالدى؛ چېگرا سىرتىدىكى ئېھتىياج تۆۋەنلەپ، زاكاز ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ياكى كېيىنگە سۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت تەرەققىياتىغا يېڭى زەربە ئېلىپ كەلدى.

يەر شارىۋى يۇقۇمنىڭ دۆلەت ھالقىپ مەبلەغ سېلىشقا بولغان تەسىرىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سودا ۋە تەرەققىيات يىغىنىدا مۆلچەرلىنىشىچە، يۇقۇم ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى تۈپەيلىدىن بۇ يىل پۈتۈن يەر شارىدىكى چەت ئەل بىۋاستە سېلىنمىسى تۆۋەنلىشى ياكى تۆۋەنلەش نىسبىتىنىڭ 40%كە يېتىشى مۇمكىن ئىكەن. «تورت» كىچىكلەپ، خەلقئارا مەبلەغ جەلپ قىلىش رىقابىتى يەنىمۇ كەسكىنلىشىدىكەن.

بۇ يىل 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىشلەتكەن تاشقى مەبلىغى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.8% تۆۋەنلەپ، يۇقۇم زەربىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەرمۇ سىجىل كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ.

جياڭسۇدا ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە(رايون) ئۈچ دەرىجىلىك مۇلازىمەتنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، خونۋېل، LG خىمىيەسى قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ ياندىش كارخانىلىرىنىڭ ماس قەدەمدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئالغا سىلجىتىلدى؛ گۇاڭدۇڭ باسقى، ئېكسون موبىل قاتارلىقلارنىڭ سۆزلىشىۋاتقان، قۇرۇلۇۋاتقان نۇقتىلىق تۈرلىرىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش مۇساپىسىنى تېزلەتتى. جېجياڭ «توردا سودىگەر چاقىرىش يىغىنى» «توردا كېڭىشىش يىغىنى» قاتارلىق سودىگەر چاقىرىش ئۇسۇللىرىنى قانات يايدۇرۇپ، «يۈزتۇرا بولۇش»تىن «ئېكراندا قاردىشىپ تۇرۇش»قا يۈزلىنىپ، ئالاقىنى ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا، تۈرلەرنى يىتتۈرۈپ قويماسلىققا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى… ھەرقايسى جايلار ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىپ، مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇردى.

يۈەن دا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تاشقى مەبلەغ تۈرلىرى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولىدۇ، كارخانىلارغا ياردەم بېرىش تۈرلۈك سىياسەتلىرى ئىچكى مەبلەغ ۋە تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىغا ئوخشاش تەتبىقلىنىدۇ؛ 2020 - يىل نۇسخىسىدىكى تاشقى مەبلەغ ئىجازەت پاسىسى تىزىملىكى ئېلان قىلىنىپ، تاشقى مەبلەغ ئىجازىتى يەنىمۇ كەڭ قويۇۋېتىلىدۇ؛ 2020 - يىل نۇسخىسىدىكى چەت ئەل سودىگەرلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كەسىپ مۇندەرىجىسى چىقىرىلىدۇ، ئىلھاملاندۇرۇش ماددىلىرى پەقەت كۆپەيتىلىدۇ، ئازايتىلمايدۇ؛ مۇھىم، زور تاشقى مەبلەغ تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى داۋاملىق ياخشى تۇتۇلىدۇ؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش نىزامى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

يۇقۇمنىڭ زەربىسى ئالدىدا، بىرتۈركۈم ئىستراتېگىيەلىك نەزەرگە ئىگە دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر قەدىمىنى توختاتماستىن، ئەكسىچە جۇڭگودىكى سېلىنما ئورۇنلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. پارچە سېتىش ماگناتى كېيىسكى شاڭخەيدە جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونىغا جايلاشقان ئىككىنچى دۇكىنىنى ئاچىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ستارباكىس، سام ئەزالىرى دۇكىنى، روسىن قاتارلىقلار جۇڭگودا مەبلەغ سېلىشنى زورايتىدىغانلىقىنى بەس - بەستە جاكارلىدى. خۇانەن ئامېرىكا سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ئېلان قىلغان دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، زىيارەتنى قوبۇل قىلغان كارخانىلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچ يىلدا جۇڭگودا يەنە مەبلەغ سېلىش ئارزۇسى يەنىلا كۈچلۈك بولۇپ، 70%كە يېقىن كارخانا 2020 - يىلى جۇڭگودا يەنە مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان.

«جۇڭگو ئىقتىسادى نامايان قىلغان غايەت زور چىداملىقلىق، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ بازار ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنىڭ تەدرىجىي قويۇپ بېرىلىشى، ھازىرقى پۈتۈن يەر شارىۋى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ كەسكىن ئارقا كۆرۈنۈشىدە، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىش ئىشەنچىسى ۋە كۆزلىمىسىنى ئۈنۈملۈك ئۇرغۇتتى.» سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى گاۋ فېڭ مۇنداق دېدى: سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز جۇڭگودا مەبلەغ سېلىش، تىجارەت قىلىش ئىشەنچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# گۇ يىڭ: قېنى بىلەن سادىقلىقنى يازغان «جىيائۇخەيدىكى زىرەك رازۋېدكىچى»



گۇ يىڭ (ئوڭدا) بىر قېتىملىق دېلو تەھلىل قىلىش يىغىنىدا كەسپداشلىرىغا دېلو تەھلىل قىلىپ بەرمەكتە (2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تارتىلغان).

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خەن يۈچىڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى نەنجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر چيۇ بىڭچىڭ) «ئادەم گەرچە ھاياتلىقنىڭ ئۈزۈنلۈقىنى بەلگىلىيەلمىسىمۇ، لېكىن كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ كەڭلىكىنى كېڭەيتەلەيدۇ.» جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنتۇڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ سابىق تارماق ئەترەت باشلىقى گۇ يىڭنىڭ دېلو ئەھۋالىنى خاتىرىلەش دەپتىرىگە مۇشۇنداق بىر جۈملە سۆز يېزىلغان.

پېنسىيەگە چىقىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى قاتىللىق دېلوسىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىش ئۈچۈن، ئۇ جەڭگىۋار قىيابەت بىلەن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان جىنايى ئىشلار رازۋېدكا خىزمەت ئورنىدا يىقىلىپ، ئىسسىق قېنى بىلەن «ھاياتلىق ئاخىرلاشمىغۇچە، تۆھپە قوشۇشنى توختاتماسلىق»تەك كىشىلىك ھايات ئىنتىلىشنى شەرھلىگەن.

1953 - يىلى تۇغۇلغان گۇ يىڭ يېزىغا چۈشۈپ ئىشلىگەن، ئەسكەر بولغان، ئىشچى بولغان، كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تېخنىكىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، دېلو پاش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن نەنتۇڭ شەھىرىدە ئۇدا 18 يىل قاتىللىق دېلوسىنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى 95%تىن ئېشىپ، ئالتە يىل قاتىللىق دېلوسى شۇ يىلى پۈتۈنلەي پاش قىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى بايراققا ئايلانغان.

گۇ يىڭنىڭ 100گە يېقىن دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش خاتىرە دەپتىرى بار بولۇپ، بۇ خاتىرە دەپتەرلەرگە ئۇنىڭ ھەربىر دېلودىن چىقارغان خۇلاسىسى، تەھلىلى ھەمدە ساقچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 30 نەچچە يىلدىكى مۇلاھىزىسى ۋە تەسراتى زىچ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خاتىرە دەپتىرىنىڭ تېتولغا: «ئاما جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە نەزەر سالغاندا، مۇھىمى دېلونىڭ پاش قىلىنىشىغا قارايدۇ» دەپ يېزىلغان. ئۇ، دېلو سادىر بولغان ئىكەن، چوقۇم ئىزى قالىدىغانلىقى، ئىز قالغان ئىكەن، چوقۇم بايقىغىلى ۋە پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن.

2004 - يىلى چىڭمىڭدىكى «19 - ماي» ئادەم ئۆلتۈرۈپ جەسەتنى كۆيدۈرۈۋېتىش دېلوسىدا، جىنايەت گۇماندارى دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن نەق مەيداننى بېنزىن بىلەن كۆيدۈرۈۋەتكەن، نەق مەيدان يەنە ئەتراپتىكى ئاما ۋە ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى ئوت ئۆچۈرگەندە دەسسىلىپ كەتكەنلىكتىن، دېلو ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش تولىمۇ قىيىن بولغان. گۇ يىڭ رازۋېدكىچىلارنى باشلاپ ئىشنى نەق مەيداندا قېپقالغان بىر جۈپ ساپما كەشتىن باشلاپ، جىنايەت گۇماندارىنىڭ بەدىنىدىن چۈشكەن تېرە كېپىكىدىكى بىيولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى ئېلىپ، ئۆچۈپ ئارتۇق ئادەمنىڭ DNA سىنىڭ ئارىلاشما رەسىملىك گرافىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىپ، ئاخىرى ئىرسىيەت گېنىنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق قاتىللىق جىنايىتىنى ئىقرار قىلدۇرغان.

ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش، يېڭىلىق يارىتىش گۇ يىڭنى باشتىن - ئاخىر جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئىسلاھاتى تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغۇزغان. ئۇ قېچىپ يۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ئاگاھلاندۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، خەتىرى يۇقىرى كىشىلەر توپىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئاساسىي خىزمىتىدىكى «تۆتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» ئۇسۇلىنى ئىزدەنىپ يەكۈنلەپ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئاساسىي خىزمىتى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى باشلامچىلىق بىلەن يولغا قويغان. ئۇ باشلامچى بولۇپ ئىزدەنگەن كونا جەسەت سۆڭىكى DNA سىنى تەكشۈرۈش - باھالاش ۋە ABO گېنىنى تىپقا ئايرىش تېخنىكىسى دۆلەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان.

گەۋدىلىك خىزمەت نەتىجىسىگە ئاساسەن، گۇ يىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 30 نەچچە قېتىم جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى، جياڭسۇ ئۆلكىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن، «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» «جياڭسۇ ئۆلكىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشكەن. 2005 - يىلى، ئۇ باشلامچىلىق قىلغان جىنايى ئىشلار ساقچى تارماق ئەترىتىگە گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «ئالاھىدە جەڭ قىلالايدىغان جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلگەن.

2010 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، جياڭسۇ نەنتۇڭدا چاقماق چېقىپ، قاتتىق يامغۇر ياغقان. يېقىن مەزگىلدە يېزىلاردا ئۆگىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلىش دېلولىرى كۆپ يۈزبەرگەنلىكىنى ئويلىغان گۇ يىڭ دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش يىغىنىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال رۇدۇڭغا بېرىپ دېلو پاش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىشنى قارار قىلغان. بەزىلەر ئۇنىڭغا يامغۇر سەل پەسەيگەندە ئاندىن مېڭىشنى تەۋسىيە قىلغان. «دېلو ئەھۋالىنىڭ ئۆزى بۇيرۇق، بىرسېكۇنتمۇ كېچىكسەك بولمايدۇ!» گۇ يىڭ شۇنداق دەپلا، رازۋېدكا خادىملىرىنى باشلاپ يامغۇرغا قارىماي يۈرۈپ كەتكەن.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4لەر ئەتراپىدا، ئاپتوموبىل تۇڭجوۋ رايونى شىنزۇڭ بازىرى يول بۆلىكىگە كەلگەندە، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان تراكتور بىلەن سوقۇلۇپ كەتكەن. گۇ يىڭنىڭ بەدىنى ئېغىر يارىلىنىپ، دوختۇرخانىغا جىددىي ئاپىرىلىپ قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزىنى قايتا ئاچالمىغان. بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى جىنايەتكە زەربە بېرىش، قاتىللىق دېلولىرىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىشقا سەرپ قىلغان بۇ جەڭگىرلىك ئەزىمەت، ئەڭ ئاخىرى ھاياتى بىلەن قوغدىغان نەنتۇڭ تۇپرىقىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن.

2011 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، گۇ يىڭغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن نام تولۇقلاپ بېرىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، 880 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 73 ساياھەت مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشى تۈرى، 21 ساياھەتكە مۇناسىۋەتلىك ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەسى قۇرۇلۇشى تۈرى، 479 ساياھەت ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشى تۈرى ۋە 1990 ساياھەت يۈقراۋى قونالغۇ قۇرۇلۇشى تۈرىدىنى يولغا قويدى؛ S101 لىنىيەسى، ئالتاي قۇم كەنتى تاشيولى، تاشقورغان - يەكەن قەدىمىي يولى، چېشى قەدىمىي يولى، ئۈرۈمچى - بۇرۇلتوقاي يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى قاتارلىق ساياھەت قاتناش ھەم ياندىش ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، ساياھەت مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى شارائىتىنى سىجىل ياخشىلىدى.

ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، تۇرپان شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىدە داۋاملىق قۇرۇلىدىغان تۈرلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئىش باشلاندى، ئايدىڭكۆل ساياھەت ئۆل ئەسلىھەلىرى، تۈيۇق ئۆزگىچە ساياھەت كىچىك بازىرى قاتارلىق دۆلەت مەبلەغ سالغان 20 نەچچە تۈردە قۇرۇلۇش باشلاندى. بۇيلۇقنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - ئۆزگەرتىش، كارىز ئۆرپ - ئادەت باغچىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - ئۆزگەرتىش قاتارلىق 18 تۈردىمۇ ئىش باشلاندى. بۇ يىل، تۇرپان شەھىرى يېڭىدىن 100دىن ئارتۇق يۈقراۋى قونالغۇ سالدۇ، تۇرپان ئۈزۈم شادلىق باغچىسى كۆتۈۋېلىش مەركىزىنىڭ «كەچلىك بازار» تۈرى پات ئاردا تاماملىنىدۇ، مەنزىرە رايونىنىڭ كەسپ ھالىتى تېخىمۇ موللىشىدۇ، ئۆل ئەسلىھەلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ.

4 - ئاينىڭ بېشىدا، بۇرچىن ناھىيەسىدىن قاناس ئايرودرومىغىچە بولغان قوش يۆنىلىشلىك تۆت ئاپتوموبىللىق 1 - دەرىجىلىك تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يىل قىش كىرىشتىن بۇرۇن، 1 - قۇرۇلۇش بۆلىكى لىنىيەسى تاماملىنىدىكەن ھەم قاتناش باشلاش شارائىتى ھازىرلىنىدىكەن، شۇ چاغدا بۇرچىن بىلەن قاناس ئارىلىقىدىكى قاتناش ترانسپورت شارائىتى ۋە ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، كەڭ ئاممىا ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا قولايلىق يارىتىلىدىكەن.

ئاراتۈرۈك توغراقلىق ئېكولوگىيە باغچىسى مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەرنى يۇقىرى سۈپەتلىك ساياھەت تۇيغۇسى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلاپ مەنزىرە رايونىنى تاقاپ، مەنزىرە رايونى ئىچىدىكى يول، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىق ئۆل ئەسلىھەلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى باھار سەيلىسى - چېچەك سەيلىسى، ئائىلە ئەزالىرى ساياھىتى، مەدەنىيەت ساياھىتى، سەھرا ساياھىتى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھىتى، قىزىل ساياھەت قاتارلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلارنى ئارقا - ئارقىدىن چىقاردى؛ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى «ساياھەت+يېزا ئىگىلىكى» يۈغۇرما تەرەققىياتنى ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ساياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىش ۋە يېتىشتۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، خاس ساياھەت تاۋارلىرى سۈپەتلىك ماركىسىنى ياراتتى؛ بۇرچىن ناھىيەسى نادىر ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى چىقىرىپ، كىچىك ھۆددە ئۆمەك، ئەركىن سەپەرگە چىققان ساياھەتچىلەرگە قارىتا «مىڭ چاقىرىملىق مەنزىرىنىڭ تاغ - سۇلىرىدىن ‹مەستخۇش بولۇش›، چۆچەكلەردىكى چېگرا شەھىرىنىڭ كېچە ‹ھىدى›دىن ھۇزۇرلىنىش» باش تېمىسىدىكى يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنى يولغا قويدى؛ كورلا شەھىرى يېمەك - ئىچمەك جەمئىيىتى، مېھمانسارايى كەسىپلىرىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەرنى ئاشپەزلىك، مۇلازىملىق، تازىلىق قىلىش قاتارلىق ماھارەتلەر بويىچە تەربىيەلىدى. . . تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا نەزەر سالساق، ھەرقايسى جايلار قاتتىق ماتېرىيال قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەنزىرە رايونىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، تور ماركېتىڭدا نادىر لىنىيە ۋە ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، تېخىمۇ ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1 - پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىز قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىدىن 2 مىليارد 180 مىليون يۈەن تارقىتىپ، شەھەر - يېزا تۆۋەن كاپالىتى، يېتىم بالىلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش - بېقىش، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، سەرگەردان - تىلەمچىلەرنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلەتكەن.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر، يېزا تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرىغا تۆۋەن كاپالەت مەبلىغىنى ۋاقتىدا يېتەرلىك تارقىتىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونىمىز كاپالەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت سىياسىتىنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ھەربىر ئادەمگە ئايدا 450 يۈەنلىك ئۆلچەم بويىچە، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلالمىغان، كىرىمى يوق، تۇرمۇشتا مەنبەسى يوق، ئاساسىي تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالدا قالغان شەھەر، بازارلاردىكى يەرلىك نوپۇس ئائىلىلىرىنى ۋاقتىدا ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈپ، بىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى.

تۈرلۈك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى نىسبەتەن تۆۋەنرەك بولغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر، ئاسان نامراتلىشىپ كېتىدىغان، نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئائىلىلەردىكى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار، ئېغىر دەرىجىلىك مېيىپ قاتارلىقلارغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «يەككە نوپۇس بويىچە تۆۋەن كاپالەتكە كىرگۈزۈش، بىر يىللىق تەدرىجىي چېكىندۈرۈش مۇددىتىدىن پايدىلىنىش» خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى تۈزدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېشىل يول ئېچىپ، تەرتىپنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ھوقۇق چېكىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ماتېرىيال تولۇق بولمىسىمۇ تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى ئالدىن يولغا قويۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تېزدىن تۆۋەن كاپالەت پۇلى ئېلىشىغا قولايلىق ياراتتى. سىياسەت ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 36 مىڭ ئائىلىدىكى 95 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت ئىلتىماسى بېجىرىلىپ، 42 مىليون 750 مىڭ يۈەن ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت مەبلىغى تارقىتىلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى.

تۈرلۈك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بايقاش، ۋاقتىدا دوكلات قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت ئەترىتى قۇردى، ھەرقايسى مەھەللىلەر، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرى تېلېفون، ئۈندىدار، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلار، قىيىنچىلىقى بار بالىلار، ئېغىر كېسەللەر، ئېغىر مېيىپلەر قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ، ھال سوراپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، يۈزتۇرا مۇلازىمەت قىلىپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر ئارىلىشىش، بالدۇر قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئىلتىماس - تەلەپلىرى قىزىق لىنىيە تېلېفونى تەسىس قىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى، ئېھتىياجى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىنىپ، ۋاقتىدا ياردەم بېرىلىپ ھەل قىلىنىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)